# ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، مەن دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئاجايىپ ئىختىلاپلارنى كۆرىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمگە، شۇنداقلا توغرا يول تۇتقۇچى ئىزباسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار

ئىرباز بىن سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ بىزگە شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن دىللىرىمىز ئۆرتىنىپ، كۆزىمىزدىن ياشلار قۇيۇلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزگە گويا خوشلىشىدىغاندەك بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىلا، بىزگە سىلىدىن كېيىن چىڭ ئېسىلىدىغان بىر ۋەسىيەتنى قىلسىلا دېيىلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، مەن دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئاجايىپ ئىختىلاپلارنى كۆرىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمگە، شۇنداقلا توغرا يول تۇتقۇچى ئىزباسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن بەك ھەزەر قىلىڭلار، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر».

[تېكىست توغرا] [ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن دىللار ئۆرتىنىپ، كۆزلەردىن ياشلار قۇيۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتنى ناھايىتى بەك كۈچلۈك قىلغانلىقىنى كۆرگەندە بۇنى گويا خوشلىشىدىغاندەك بىر ۋەز-نەسىھەتكە ئوخشىتىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، چىڭ ئېسىلىدىغان بىر ۋەسىيەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، بۇ ۋاجىپلارنى ئادا قىلىش ۋە ھارام ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن بولىدۇ» دېدى. سىلەرگە رەھبەر بولغانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىش، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاددى بىر كىشى-رەھبەر بولسا ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ پىتنە-پاسات پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا قارشى چىقماي، باش تارتماي ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەردىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر مەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئىختىلاپتىن چىقىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ؛ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توغرا يول تۇتقان ئەبۇ بەكىر سىددىق، ئۆمەر بىن خەتتاب، ئوسمان بىن ئەپپان، ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىق ئىز باسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلىش، (يەنى سۈننەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشنى لازىم تۇتۇش). دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى ۋە ھەر قانداق بىدئەتنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65057

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee